بسم الله الرحمن الرحيم

ئىسلام ئاۋازى
27- سان
(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا تُتْلَى عَلَيْهِمْ آيَاتُنَا قَالُوا قَدْ سَمِعْنَا لَوْ نَشَاءُ لَقُلْنَا مِثْلَ هَذَا إِنْ هَذَا إِلَّا أَسَاطِيرُ الْأَوَّلِينَ ۞ وَإِذْ قَالُوا اللَّهُمَّ إِنْ كَانَ هَذَا هُوَ الْحَقَّ مِنْ عِنْدِكَ فَأَمْطِرْ عَلَيْنَا حِجَارَةً مِنَ السَّمَاءِ أَوِ ائْتِنَا بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ۞ وَمَا كَانَ اللَّهُ لِيُعَذِّبَهُمْ وَأَنْتَ فِيهِمْ وَمَا كَانَ اللَّهُ مُعَذِّبَهُمْ وَهُمْ يَسْتَغْفِرُونَ﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنسا، ئۇلار: <بىز (بۇ سۆزلەرنى) ئاللىقاچان ئاڭلىغان ئىدۇق، ئەگەر خالىساق ئۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى بىزمۇ ئەلۋەتتە قىلالايتتۇق، بۇ پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر> دېدى [31]. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: <ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!> دېدى [32]. سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) الله ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغفار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا الله ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ [33]» (سۈرە ئەنفال 31- ئايەتتىن 33- ئايەتكىچە).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

﴿وَإِذَا تُتْلَى عَلَيْهِمْ آيَاتُنَا قَالُوا قَدْ سَمِعْنَا لَوْ نَشَاءُ لَقُلْنَا مِثْلَ هَذَا إِنْ هَذَا إِلَّا أَسَاطِيرُ الْأَوَّلِينَ﴾.

ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى: بۇ ئايەت بەنى ئابدۇدداردىن بولغان نەزىر ئىبنى هارىس ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، نەزىر ئىبنى هارىس تىجارەت قىلىش ئۈچۈن پارس يۇرتلىرىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىدىن رۇستەم ۋە ئىسفەندىيارنىڭ ھېكايىلىرىنى ئۆگىنىپ كېلەتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى سۆزلەۋاتقىنىدا نەزىر ئىبنى هارىس: «ئەگەر خالىسام بۇنداق خەۋەرلەرنى مەنمۇ دېيەلەيمەن. مۇھەممەد سىلەرگە ئاد ۋە سەمۇدنىڭ قىسسىلىرىنى سۆزلەپ بېرىدىكەن، مەن بولسام سىلەرگە كىسرا ۋە قەيسەرنىڭ قىسسىلىرىنى سۆزلەپ بېرىمەن، ئىككىمىزدىن قايسىمىزنىڭ قىسسىسى گۈزەل ئىكەن؟!» دەپ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئازار-كۈلپەت بېرەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي بەدر ئۇرۇشى بولغان كۈنى نەزىر ئىبنى هارىس دېگەن مەلئۇن، مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشۈپ قالدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى سولاپ قويۇپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى («تفسير ابن كثير»دىن ئېلىندى).

بۇ ئايەتتە الله تعالى قۇرەيشلەرنىڭ كۇفۇرلۇق قىلغانلىقى، تەرسالىق قىلىپ ھەددىدىن ئاشقانلىقى، ھەق بىلەن قارشىلاشقانلىقى ۋە الله تعالى نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىپ بېرىلسە باتىلنى دەۋا قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: [پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدىغان: «ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنسا، ئۇلار: <بىز (بۇ سۆزلەرنى) ئاللىقاچان ئاڭلىغان ئىدۇق، ئەگەر خالىساق ئۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى بىزمۇ ئەلۋەتتە قىلالايتتۇق، بۇ پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر> دېدى»].

الله تعالى ئۇلاردىن قۇرئان كەرىم سۈرىلىرىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشنى ۋە الله تىن باشقا ھەر قانداق ياردەمچىلىرىنى چاقىرىشنى تەلەپ قىلىپ رىقابەتكە چاقىردى. ئۇلار بۇنىڭغا ئاجىز كېلىپ گەدەنكەشلىك قىلدى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ يۇقىرىقى يالغان گەپ-سۆزلەرنى قىلدى ئەمما مۇشرىكلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئوقۇيالمايدىغان ۋە يازالمايدىغانلىقىنى ھەمدە ئىلگىرىكىلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ھېچقانداق يەرگە بېرىپ باقماي تۇرۇپمۇ شەك-شۈبھە ئارىلاشمىغان بۇ قۇرئان كەرىمنى الله نىڭ دەرگاھىدىن ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلەتتى («تفسير ابن كثير»دىن ئېلىندى).

﴿وَإِذْ قَالُوا اللَّهُمَّ إِنْ كَانَ هَذَا هُوَ الْحَقَّ مِنْ عِنْدِكَ فَأَمْطِرْ عَلَيْنَا حِجَارَةً مِنَ السَّمَاءِ أَوِ ائْتِنَا بِعَذَابٍ أَلِيمٍ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: <ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!> دېدى».

گەرچە كاپىرلار ئۆزلىرى باتىل ۋە بىلىمسىز بولسىمۇ ئەمما ئۆزىنىڭ باتىل قاراشلىرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە جەڭ ئېلان قىلغان ۋە ھەقنى يەتكۈزگەن پەيغەمبەرگە: «ئەگەر ساڭا نازىل بولغان قۇرئان ھەق بولسا الله بىزنى شۇنىڭغا باشلاپ قويسۇن» دېيىشلىرى لازىم ئىدى. ئۇ سۆزلەردىن ئۇلارنىڭ نەقەدەر دۆت، ئازغۇن ۋە بىلىمسىز ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى، ئەگەر الله ئۇلارنى تىلىكى بويىچە ئازابلىغان بولسا ئىدى ئۇلاردىن بىرىمۇ سالامەت قالمايتتى لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ﷺ بولغانلىقى ئۈچۈن الله ئۇلارنى دەرھال ئازابلىمىدى. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ اللَّهُ لِيُعَذِّبَهُمْ وَأَنْتَ فِيهِمْ وَمَا كَانَ اللَّهُ مُعَذِّبَهُمْ وَهُمْ يَسْتَغْفِرُونَ﴾ «سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) الله ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغفار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا الله ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ».

ئەگەر ئۇلار: «ئى الله! بۇ دىن ھەق بولىدىغان بولسا بىزگە ئازاب ياغدۇرغىن» دېمەي بەلكى «بۇ دىن ھەق بولسا بىزنى ئۇنىڭغا ھىدايەت قىلغىن، ئەگەر باتىل بولسا بىزنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلىپ ھەققە ھىدايەت قىلغىن» دەپ ئىنساپلىق قەلب بىلەن دۇئا قىلغان بولسا ئىدى، الله ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھىدايەت قىلغان بولاتتى.

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقىساندا)

سوئال: پەرىشتىلەر قانداق ۋەزىپىلەرگە مۇئەككەل (يەنى مەسئۇل)؟

جاۋاب: ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە شۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇكى، پەرىشتىلەر كۆپ تۈرلۈكتۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرشنى كۆتۈرۈشكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر بار، ۋەھيىگە مۇئەككەل پەرىشتىلەر بار، تاغلارغا مۇئەككەل پەرىشتىلەر بار، جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر بار ۋە دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە بەندىلەرنىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىنى خاتىرىلەشكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر بار، مۇئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى ئېلىشقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر بار، كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىشقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر بار ۋە قەبرىدە بەندىدىن سوئال سوراشقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر بار. ئۇلاردىن مۇئمىنلەر ئۈچۈن الله تعالى دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدىغان، ئۇلارغا الله تىن رەھمەت تىلەيدىغان ۋە ئۇلارغا سالام بېرىدىغان پەرىشتىلەر بار. ئۇلاردىن ئىلىم ۋە زىكىر سورۇنلىرىغا هازىر بولۇپ، سورۇن ئەھلىنى قاناتلىرى بىلەن ئوراپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر بار. ئۇلاردىن ئىنساندىن ئايرىلماي ھەمراھ بولۇپ تۇرىدىغانلىرى بار. ئۇلاردىن ھەر كۈنى بەندىلەرنى ياخشىلىققا چاقىرىدىغانلىرى بار، ئۇلاردىن مۇئمىنلەرنىڭ دۇئاسىغا ئامىن دەپ بېرىپ، بۇ ئارقىلىق دۇئانىڭ تېخىمۇ ئىجابەت بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىرى بار. پەرىشتىلەرنىڭ بەزىلىرى سالىھلارنى ھىمايە قىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىشكە مۇئەككەلدۇر، بەزىلىرى بولسا سالىھلارنىڭ جىنازىلىرىغا هازىر بولىدۇ، يەنە بەزىلىرى مۇئمىنلەر بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىپ ئۇلارنىڭ الله نىڭ دۈشمىنىگە قارشى جىھادتا مۇستەھكەم تۇرۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئۇلاردىن بەزىلىرى كاپىرلارغا لەنەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئازاب چۈشۈرۈشكە مۇئەككەلدۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەككە-مەدىنىنى دەججالنىڭ كىرىشىدىن قوغداشقا مۇئەككەلدۇر. بەزىلىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ۋە مۇئمىنلەرگە دۇرۇت يوللاپ دۇئا قىلىدۇ ۋە مەغپىرەت سورايدۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۈممىتىنىڭ سالامىنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عن سفيان بن عبد الله رضي الله عنه قال: قلت: يا رسول الله قل لي في الإسلام قولا لا أسأل عنه أحدا غيرك، قال: «قل: آمنت بالله، ثم استقم» (رواه مسلم).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

سۇفيان ئىبنى ئابدۇللاھ سەقەفى رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئىسلام ھەققىدە سەندىن باشقا ھېچ كىشىدىن سورىمايدىغان بىر سۆزنى ئېيتىپ بەرگەن بولساڭ> دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <الله قا ئىمان كەلتۈردۈم دېگىن، ئاندىن شۇ سۆزۈڭدە ئىزچىل مۇستەھكەم تۇرغىن> دېدى» (مۇسلىم توپلىغان).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

بۇ ھەدىس قىسقا ئىبارىلەر بىلەن چوڭقۇر مەنىلەرنى ئىپادىلەپ بەرگەن بولۇپ، ئىسلامنىڭ ئاساسىنى ئىمان ۋە مۇستەھكەم تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىغا جەملەپ بەردى. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىسلام ـــ الله نى بىر دەپ بىلىش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇش بىلەن هاسىل بولىدۇ. الله نى بىر دەپ بىلىش «آمنت بالله» دېگەن سۆزدە گەۋدىلەنسە، الله قا ئىتائەت قىلىش بولسا «إستقم» دېگەن سۆزدە گەۋدىلەنگەن چۈنكى ئىستىقامەت دېگەن ـــ ھەق ئۈستىدە رۇس، مۇستەھكەم ۋە ئىزچىل تۇرۇش ھەمدە الله نىڭ ھەرقانداق بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە چەكلەنگەن ئىشلىرىدىن يېنىش دېگەنلىكتۇر.

### ھەدىستىن ئېلىنغان چۈشەنچىلەر ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار

بۇ ھەدىستە سۆزلەنگەن «إستقامة» (ئىزچىل مۇستەھكەم تۇرۇش) ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار:

1. قەلبنىڭ ئىستىقامىتى ـــ قەلبنىڭ الله نى تونۇشى، ياخشى كۆرۈشى، ئۇلۇغلىشى، ئىرادە قىلىشى، الله تىن ئۈمىد قىلىشى، قورقۇشى، ئەيمىنىشى، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىشى ۋە تەۋەككۇل قىلىشتا قەلبنىڭ الله نىڭ غەيرىدىن يۈز ئۆرۈشى دېگەنلىكتۇر. قەلب پۈتۈن ئەزالارغا نىسبەتەن پادىشاھنىڭ ئورنىدا بولۇپ، قەلب ھەقتە مۇستەھكەم تۇرسا باشقا ئەزالارمۇ ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ: «ئىنساننىڭ بەدىنىدە بىر پارچە گۆش بار، ئۇ گۆش تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزۈلىدۇ، ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ، ئۇ گۆش بولسا قەلبتۇر» دېگەن (مۇسلىم توپلىغان).

2. قەلبنىڭ تەرجىمانى بولغان تىلنىڭ ئىستىقامىتى. مانا بۇ خىل ئىستىقامەتنى تۆۋەندىكى ھەدىس ئوچۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بىر ساھابە رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ، مەن قايسى نەرسىگە بەكرەك دىققەت قىلىشىم كېرەك؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ تىلىغا ئىشارەت قىلدى (تىرمىزى بۇ ھەدىسنى «سەھىھ» دېگەن).

ئىمام ئەھمەد رحمه الله ئەنەس ئىبنى مالىك رضي الله عنه دىن نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بىر بەندىنىڭ قەلبى ئىستىقامەتتە بولمىغۇچە ئىمانى ئىستىقامەتتە بولمايدۇ، تىلى ئىستىقامەتتە بولمىغۇچە قەلبى ئىستىقامەتتە بولمايدۇ» دېگەن.

ئىستىقامەت (ئىزچىل مۇستەھكەم تۇرۇش)نىڭ پايدىلىرى: ئىستىقامەت ئارقىلىق الله قا بولغان ئىتائەتكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان نەپسىگە قارشى جىھادتا مۇستەھكەم تۇرۇپ غەلىبە قىلىشقا، شىجائەتلىك بولۇشقا ۋە جەننەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. پەرىشتىلەر ئىستىقامەتتە تۇرغانلارغا ھاياتىي دۇنيادا قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇنىڭ يوقلۇقى، ئۇلارغا جەننەتنىڭ بارلىقى، دۇنيا-ئاخىرەتتە ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىشارەت بېرىش ئۈچۈن چۈشىدۇ. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، <پەرۋەردىگارىمىز الله تۇر> دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا (يەنى ئىستىقامەتتە تۇرغانلارغا) پەرىشتىلەر چۈشۈپ: <قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار؛ (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (الله) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر> دەيدۇ» (سۈرە فۇسسىلەت 30- ئايەتتىن 32- ئايەتكىچە) («الوافى فى شرح الاربعين النووية»دىن ئېلىندى).

يۇقىرىقىلاردىن شۇ مەلۇم بولدۇكى، بۈگۈنكى كۈندە ئىماندىن كېيىن قالسا ئەڭ مۇھىم پەرز بولغان جىھاد ئىبادىتىنى ئورۇنلاش ۋە جىھاد ئەمىرلىرىنىڭ ئىتائىتىدە بولۇش بىرىنچى ئىستىقامەتتۇر ۋە ئۇ ـــ الله تەرەپتىن تاللانغان سادىق مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتىدۇر.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

بەشىنچى، ئەبۇلئاس ئۆزى مۇشرىك بولغان بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە تىلى ياكى قولى بىلەن پەقەت قارشى چىقىپ باقمىغان بولۇپ، ئۇ تىجارەت بىلەنلا مەشغۇل بولاتتى. بۇ قېتىملىق جەڭدىمۇ مۇشرىكلار بىلەن بىرگە چىققان بىلەن ئۇلارغا ھېچقانداق ياردەم قىلماستىن جىم تۇرۇۋالغان، ھەتتا ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بىرەر قېتىم ئاۋازمۇ چىقىرىپ باقمىغان. مانا مۇشۇنداق مۇشرىكلارغا، بولۇپمۇ ئەسىرگە چۈشكەنلىرىگە ئىسلامدا چەكلەنمىگەن دائىرىدە دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن ياخشى مۇئامىلە قىلىش كاپىرنى دوست تۇتقانلىق جۈملىسىگە كىرمەيدۇ.

ئالتىنچى، شۇ دەۋردىكى كاپىرلارنىڭ ئېسىل ئەخلاقلىرىدىن بىرى — مۇسۇلمانغا بەرگەن ۋەدىسى ۋە ئەھدىسىگە ۋاپادار بولۇش. ھازىرقى زاماندىكى ئۆزئارا قىلىشقان ئەھدىلىرىگە ۋاپا قىلمايدىغان، جۈملىدىن ئەمىرگە بەرگەن ئەھدىسىنى بۇزۇشتىن ۋە ئەھدىگە خىيانەت قىلىشتىن يانمايدىغان ۋاپاسىز مۇسۇلمانلار ۋە مۇجاھىدلار ئۆزىنى شۇ دەۋردىكى كاپىرلارنىڭ ۋەدىسى ۋە ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىش سۈپىتىگە ئۆزىنى بىر سېلىشتۇرۇپ كۆرسۇن!

يەتتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ قوماندان تۇرۇقلۇق ساھابىلىرىدىن ئەبۇلئاسنى قويۇۋېتىشنى ئۆتۈنۈش ئارقىلىق قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلغان ۋە ساھابىلەرمۇ قوماندانىغا ئادىمىگەرچىلىك قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھەققىدىن ۋاز كەچكەن. چۈنكى، ھەققىنى تەلەپ قىلىش ئەدلىدۇر ۋە مۇباھتۇر (يەنى ساۋابمۇ ئەمەس، گۇناھمۇ ئەمەستۇر) لېكىن ھەققىدىن ۋاز كېچىش بولسا پەزل ۋە ئېھساندۇر (يەنى ئەجىر ۋە ساۋابتۇر).

سەككىزىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قىزى زەينەب رضي الله عنها نى ھىجرەت قىلدۇرۇشتا قول ئاستىدىكى مۇجاھىدلارنى ئىنچىكە تەرتىپ ۋە پىلان بىلەن يولغا سالغانلىقىدىن، بۈگۈنكى كۈندىكى ھىجرەت يوللىرىغا مەسئۇل بولغان كىشىلەرنىڭ تەرتىپ ۋە پىلاننى پۇختا تۈزۈشىنىڭ لازىملىقى چىقىدۇ.

توققۇزىنچى، الله قا تەقۋادار ۋە ئېرىگە ئىتائەتچان ئايال خەدىچە رضي الله عنها نىڭ ئۆز ئېرىنىڭ يۈرەك قاتلىمىدا ئۆچمەس تەسىراتلارنى قالدۇرغانلىقى. مانا بۇ — ھازىرقى مۇسۇلمان ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان يۈكسەك ئۈلگىدۇر.

ئونىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ قىزى پاتىمە رضي الله عنها نىلا ياخشى كۆرۈپ قالماستىن بەلكى زەينەب رضي الله عنها قاتارلىق باشقا قىزلىرىنىمۇ ياخشى كۆرۈدىغانلىقى، ئۇلار قىيىنچىلىقتا قالسا ئىچى سىيرىلىدىغانلىقى قاتارلىقلارمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئادىمىگەرچىلىك ئەخلاقلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئون بىرىنچى، قولغا چۈشكەن كاپىرلارنىڭ بەدەل ئەزالىرىنى شەرئىي ئۆزرىسىز كېسىش، يەنى مۇسلە قىلىش ھارامدۇر.

ئون ئىككىنچى، شەرىئەت يولغا قويغانلىق سەۋەبتىن بەزى كاپىرلارنى ئۆلتۈرمەي ياكى بەدەن ئەزالىرىنى كەسمەي قويۇپ قويۇشتا الله نىڭ ئاجايىب ھېكمەتلىرى بار. مەسىلەن، ئەھزاب كۈنى ھۇزەيفە رضي الله عنه كاپىرلار قوشۇنىغا ئىستىخبارات بولۇپ كىرگەندە ئەبۇ سۇفياننى ئۆلتۈرۈشكە ياخشى شارائىت بار تۇرۇقلۇق، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەسىلە چىقارماستىن پەقەت ئاخبارات ئېلىپ كېلىشكىلا قىلغان بۇيرۇقى يادىغا كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەي چىقىپ كەتكەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەبۇ سۇفيان مۇسۇلمان بولغان. شۇنىڭدەك سۇھەيل ئىبنى ئەمرمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىسلامنىڭ پايدىسى ئۈچۈن سۆزلەيدىغان داڭلىق ناتىقلارغا ئايلانغان. ئەگەر ئۇ ئەسىرگە چۈشكەندە ئۆمەر رضي الله عنه ئۇنىڭ تىلىنى كېسىۋەتكەن بولسا بۇ مەنپەئەتلەر مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى. مانا بۇ الله نىڭ ئۇرۇش توختىتىش ياكى ئۇرۇش قىلماي تۇرۇش ھەققىدىكى ئەھكاملىرىنىڭ ئاجايىب سىرلىرىدىندۇر.

ئون ئۈچىنچى، سەئد ئىبنى نوئمان رضي الله عنه نىڭ مەدىنىدىن، چۆرىسىدە 360 دانە بۇت بار كەئبىگە مۇستەھەب بولغان ئۆمرە ھەجنى قىلىش ئۈچۈن بارغانلىقىدىن، ئەگەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىنى ئاشكارا قىلىشقا قادىر بولالىسا ھاجەت ئۈچۈن كۇفرى دىيارىغا سەپەر قىلىپ كەلسە دۇرۇس بولىدىغانلىقى چىقىدۇ. بۇ — كاپىرنى دوست تۇتقانلىق ئەمەس لېكىن بۈگۈنكىدەك مۇداپىئە جىھادى بولغان پەرز ئەين جىھاد مەزگىلىدە، مۇجاھىدلار ھېچقانداق زۆرۈرىيەت بولمىغان ئەھۋالدا كۇفرى دىيارى ياكى باشقا ئىسلام دىيارلىرىغا ئەمىرنىڭ رۇخسىتىسىز سەپەر قىلىشى گۇناھتۇر چۈنكى ھاجەت شەرىئەتتە زۆرۈرىيەتتىن تۆۋەن تۇرىدىغان بىر ھالەتتۇر.

ئون تۆتىنچى، ئىسلامىي مەقسەتلەرنى ئورۇنلاش ياكى ناماز ئوقۇشقا ئوخشاش زۆرۈرىيەتلىرىنى قامداش نىيىتىدە بۇت بار يەرلەردە ياكى كاپىرنىڭ بايراقلىرى بار يەرلەردە مەلۇم مەزگىل تۇرۇپ قېلىش كۇفرىلىق ئەمەس، كاپىرلارغا قول بەرگەنلىكمۇ ئەمەس شۇنداقلا كاپىرلارنى دوست تۇتقانلىقمۇ ئەمەس چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ سەئد ئىبنى نوئمان رضي الله عنه نى مۇستەھەب ھەجدىن توسمىغان (يەنى ئۇ چاغدا ھەج پەرز ئەمەس ئىدى).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




# قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

### ئالتىنچى تېما: دىنىي ھاياجانلىق (ھېسسىياتچانلىق)

بەزى ئالىملار قۇرئان-سۈننەتكە ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ئېسىلىشنىڭ ئەكس تەسىرىنىمۇ خاۋارىجلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللارنىڭ بىرى دەپ سانىغان («آراء الخوارج» 84- بەت). مەسىلەن، خاۋارىجلارنىڭ سەلەف بوۋىسى زۇلخۇۋەيسىرە «بەك تەقۋا بولۇشۇم كېرەك» دەپ قاراپ ھېسسىياتچانلىق بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئاتالمىش مۇنكەردىن توسقان ھەمدە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە تەنقىد ۋە ئوبزور ئېلان قىلغان (يەنى ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ غەنىيمەت تەقسىم قىلىشتا، غەنىيمەتنى جاپالىق جەڭ قىلغان ئەنسار مۇجاھىدلارغا بەرمەي يېڭى مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىش ئۈچۈن شۇلارغا بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت توغرا ئىجتىھادىنى مۇنكەر دەپ قارىۋالغان) («الخوارج و الشيعة» 37- بەت).

### ئىبرەت

مانا بۈگۈنكى كۈندە، جىھادىي جامائەتلەر ئىچىدىكى بىر قىسىم ھېسسىياتچان ۋە «بەك تەقۋا بولۇشىمىز كېرەك» دەيدىغان كىشىلەرگە جامائەت مەسئۇللىرىنىڭ قۇرئان-ھەدىستىكى ئوچۇق تېكىستكە زىت بولمىغان ئىجتىھادىي پىكىرلەرگە ئائىت قائىدە-تۈزۈملىرى مۇنكەردەك تۇيۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلار دەرھال ھاياجانلىنىپ ئۆزلىرىچە «مۇنكەرنى تۈزەيمەن، جامائەتنى ئاقىۋەتتە قەستەن ياكى تۇيماستىن جامائەت مەسئۇللىرى ھەققىدە يامان گۇمان قوزغاش، جامائەتنى پارچىلاش ۋە پىتنە-ئىغۋا تارقىتىش قاتارلىق ئۇممەتكە ئەشەددىي زىيانلىق مۇنكەرلەرنى سادىر قىلىشلىرى تارىختا نۇرغۇن قېتىم تەكرارلانغان ئىشتۇر. تولىمۇ ئەپسۇس، تاھازىرغا قەدەر نۇرغۇن كىشىلەر بۇ تارىختىن ئىبرەت ئالمايۋاتىدۇ. ئەقىللىق كىشىلەر بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن!

## 6 ـ پەسىل: خاۋارىج پىرقىلىرى

### بىرىنچى تېما: خاۋارىج پىرقىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى

خۇددى بىز ئىلگىرى ئېيتقاندەك، خاۋارىج پىرقىلىرى ھىجرىيە 60- يىللارنىڭ باشلىرىدا نافىي ئىبنى ئەزرەق ۋە ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن تونۇلغان ئەزارىقە جامائىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن خاۋارىجلارنىڭ چوڭ-كىچىك پىرقىلىرى مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. ھەقىقەتەن بۇ خىل بۆلۈنۈشنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن سەۋەبلىرى بار بولۇپ، كۆپىنچە ھالدا بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئانچە قىممىتى يوق بولۇپ كەلگەن. بىز ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ئەرزىمەس سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆزئارا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى تونۇشتۇرغان ئىدۇق. ئۇلاردىكى بۇ خىل بۆلۈنۈشنىڭ سەۋەبلىرى ئاساسلىق ئۇلارنىڭ دىنىي جەھەتتىكى پىكرىي ئىختىلاپلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن باشقا مۇسۇلمانلارغا تۇتقان مەيدانىغا باغلىق. ھەقىقەتەن خاۋارىجلار دەسلەپىدە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئارىسىدا نۇرغۇن ئىختىلاپلارنى تۇغدۇرغان ئۆز مەزھىپىدىكى ئەنە شۇ ئۇششاق تەپسىلاتلارنى بىلىشمەيتتى. بۇ تەپسىلاتلار ئۇلارنى ھەرخىل كۆزقاراشلارغا ئىگە بولغان نۇرغۇن پىرقىلەرگە بۆلۈپ تاشلىدى. مەسىلەن، ئۆزلىرىنىڭ (يەنى خاۋارىجلارنىڭ) دىيارىغا ھىجرەت قىلماي ئولتۇرۇپ قالغانلار مەسىلىسى، تەقىييە (يەنى گۇناھقا مەجبۇرلىغۇچى كاپىر ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ ھۆكۈمەتلەرنىڭ زۇلمىدىن ئەنسىرەپ ئۆز ئىمانىنى ئاشكارا قىلماسلىقى ياكى قەلبلىرىدىكى ئاداۋەتنى ئاشكارا قىلماسلىقى) مەسىلىسى ۋە خاۋارىجلارغا مۇخالىپ بولغانلارنىڭ يۇرتىدىن خاۋارىجلارنىڭ يۇرتىغا ھىجرەت قىلىش مەسىلىسى قاتارلىقلار. يەنە شۇنىڭدەك، «ئۆزلىرىگە مۇخالىپ بولغانلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ھۆكمى ئاتا-ئانىسىنىڭ ھۆكمىگە ئەگىشەمدۇ ياكى ئۇ بالىلار ئاتا-ئانىسىدىن پەرقلىنىدىغان خاس بىر ھۆكۈمگە ئىگىمۇ؟» دېگەندەك ئىختىلاپلارمۇ مەۋجۇتتۇر. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ئىختىلاپلار ئۇلارنىڭ نۇرغۇن تائىپىلەرگە بۆلۈنۈشىگە تەسىر كۆرسەتكەن. ئالىملار خاۋارىجلارنىڭ سەپلىرى ئارىسىدا بۇ خىل ئىختىلاپلارنى تېرىپ، ئۆزئارا بىر-بىرىدىن ئادا-جۇدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان شەخسنىڭ كىملىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزى ئالىملار: «خاۋارىجلار ئارىسىغا تۇنجى ئىختىلاپلارنى تېرىغان كىشى نافىي ئىبنى ئەزرەق ھەنەفىي» دېسە، يەنە بەزىلىرى: «تۇنجى ئىختىلاپ تېرىغان كىشى ئابدۇرەببىھ كەبىر ياكى ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەدىين بولۇپ، نافىينىڭ دەسلەپكى پىكرى ئابدۇللاھنىڭكىگە ئوخشمايتتى لېكىن ئابدۇللاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، نافىي: <ئۇنىڭ يولىنىڭ ھەقلىقىنى بىلدىم> دەپ قاراپ ئۇنىڭ پىكرىنى تۇتۇشقا يۈزلەنگەن ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ پىكرىگە مۇخالىپ پىكىردە بولغانلارنى كاپىرغا چىقارغان ئەمما ئۇنىڭدىن ئىلگىرى (يەنى ئابدۇللاھنىڭ سۆزىنى <توغرا> دېيىشتىن ئىلگىرى) ئۆزىگە مۇخالىپ پىكىردە بولغانلارنى كاپىر دېمىگەن» دەيدۇ. بەزى ئالىملارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئىختىلاپلارنى تۇنجى پەيدا قىلغان كىشى ئابدۇرەببىھ سەغىر بولغان («الفرق بين الفرق» 84- بەت).

ئەمەلىيەتتە، خاۋارىجلارنىڭ ئىختىلاپى پەقەت خاۋارىجلارنىڭ ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ۋە تەپسىلىي كىرىشىپ باقمىغان بىر تالاي خاس مەسىلىلەرنى نافىي ئىبنى ئەزرەق چىڭ تۇتۇۋالغان ۋاقىتتىلا قاتتىق كۈچەيگەن. نافىي بۇ پىكىرلەرنى تەتبىقلاشقا كىرىشكەندە، خاۋارىجلار ئەلى رضي الله عنه زامانىسىدىكى خاۋارىجلارمۇ دەپ باقمىغان بىر تالاي ئاشقۇن پىكىرلەرنى كۆتۈرۈپ چىققان. مەسىلەن، تەقىييەنى (يەنى مۇسۇلمانلار زەئىپ ۋاقىتىدا كاپىرلاردىن ئېھتىيات قىلىشنى) ھارام قىلغان شۇنداقلا ئۇنى «الله نىڭ غەيرىدىن قورقۇش» دەپ قاراپ، بۇنىڭغا الله تعالى نىڭ سۈرە نىسا 77- ئايەتتىكى مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلغان: ﴿فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيْهِمُ الْقِتَالُ إِذَا فَرِيقٌ مِنْهُمْ يَخْشَوْنَ النَّاسَ كَخَشْيَةِ اللَّهِ أَوْ أَشَدَّ خَشْيَةً﴾ «ئۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر دۈشمەندىن گويا الله نىڭ ئازابىدىن قورققاندەك بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك قورقىدۇ». بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، نافىينىڭ نەزىرىدە تەقىييە پرىنسىپىغا تايىنىپ ھىجرەت قىلماي ئولتۇرۇپ قالغانلار كاپىر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىگە مۇخالىپ پىكىردىكىلەر ھەققىدە: «بۇلار مۇشرىك ۋە كاپىرلار شۇڭا ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىش، ئۇلار بىلەن ئۆزئارا مىراس ئېلىشىش ۋە ئۇلارنىڭ بوغۇزلىغان نەرسىلىرىنى يېيىش ھارام بولۇپلا قالماي ھەتتا ئۇلارنىڭ بىزگە قويغان ئامانەتلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش ۋاجىب ئەمەس ھەمدە ئۇلارنىڭ ئايال-بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈش ھالال» دەپ قارىغان. ئىش مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەندە، نەجدات ئىبنى ئامىر باشچىلىقىدىكى نەجدات پىرقىسى نافىيدىن بۆلۈنۈپ چىققان چۈنكى ئۇلار نافىينىڭ بۇ كۆز قاراشلىرىنى الله نىڭ كىتابى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتى ۋە ئەلى رضي الله عنه دەۋرىدىكى خاۋارىج ئەجدادلىرىنىڭ يولىغا خىلاپ دەپ قاراپ نافىيغا: «سەن نەھرىۋان ئەھلى (يەنى ئەلى رضي الله عنه دەۋرىدىكى خاۋارىجلار) ۋە قىبلە ئەھلىدىن ئىبارەت سەلەف ئەجدادلىرىمىز ئەمەل قىلىپ باقمىغان بىدئەت پىكىرلەرنى پەيدا قىلدىڭ» دېيىشكەن. نافىي ئۇلارغا جاۋابەن: «بۇ مەن بىلگەن ھۆججەت، ماڭا ھۆججەت تۇرغۇزۇلۇپ بولدى شۇڭا ھۆججەتنى تۇتۇشۇم كېرەك» دەپ رەددىيە قايتۇرغان («الفرق بين الفرق» 84- بەت).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)



# پارتىزانلىق ئۇرۇشى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئافغانىستان

بۇرۇلۇش جېڭى باشلىنىشقا ئاز قالدى. بۇ ئۇرۇش دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك قىسىم بىلەن ئەڭ ئاجىز قىسىمنىڭ ئۇرۇشى بولدى بىراق مۇجاھىدلار ناھايىتى تېزلا ئۆزلىرىنىڭ نىمە ئىش قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىشتى. دەسلەپتە سوۋېت ھەربىي ماشىنىلىرى پارتىزانلارنىڭ مىنالىرىغا چۈشتى، سوۋېتلار پارتىزانلارنى توسۇپ قالالمىدى چۈنكى پارتىزانلار مۇستەھكەم تاغلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنى قوغداشتى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېتلار تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇشلارنى كۆپ ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇشلاردا سوۋېتلارنىڭ ھەربىي ماشىنىلىرىغا ھۇجۇم قىلغان مۇجاھىدلار ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ قىلتىقىغا چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى چۈنكى سوۋېتلەر مۇجاھىدلارنىڭ ئورنىنى بىلىۋېلىپ يۇقىرى ئوت كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلاتتى. 1983- يىلىغا كەلگەندە سوۋېتنىڭ بۇ يېڭى تاكتىكىسى مۇجاھىدلارنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى شۇنداقلا بۇ تاكتىكىنىڭ تەسىرىدە مۇجاھىدلار ئاشكارا ھۇجۇم قىلىشقا ئامالسىز قالدى. سوۋېتلارنىڭ تىكئۇچار ئايروپىلان ۋە ئالاھىدە قىسمىنى ئىشقا سېلىشى نەتىجىسىدە مۇجاھىدلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئۈنۈمسىز بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگىرىدىغاندەك قىلاتتى.

1980- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسى، ئافغانىستان ۋە 1960- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسى، ۋيېتنام

قوماندانلار پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ كېيىنكى قەدىمىگە ئۆتۈش ۋاقتىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

5. بۇرۇلۇش

پۇرسەت كەلگەندە قوماندانلار پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى چوڭ كۆلەمدىكى ئەنئەنىۋى ئۇرۇشقا ئۆزگەرتىشى كېرەك. ئالجىرىيىدە پارتىزانلار تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتمىدى بىراق فرانسىيىلىكلەر تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتتى. ھەر قايسى رايونغا مۇئەييەن فرانسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ مۇئەييەن بىر بۆلىكى مەسئۇل بولۇپ ئۇرۇش قىلدى. 1958- يىلىغا كەلگەندە فرانسىيە ئارمىيىسى زور كۈچ ئىشلىتىپ تاغلاردىكى پارتىزانلارنى ئاختۇرۇش ئەمەلىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى، ئەلۋەتتە بۇ خىل ئاختۇرۇشلار ئالجىرىيە شەھەرلىرىدىمۇ بولغان ئىدى. 1959- يىلىدىكى ئالجىرىيە پارتىزانلىرىنى بېسىقتۇرۇش ئۇرۇشىدا فرانسىيە نىسپىي غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئالجىرىيىنى كونترول قىلدى. بۇ ئۇتۇقلۇق فرانسىيە ئارمىيىسى ئېرىشكەن ئەسكىرىي مۇۋەپپەقىيەتتىن كەلگەن ئىدى.

ۋيېتنام

1965- يىلى گېنېرال جىياك پارتىزانلىق ئۇرۇشىدىن ئەنئەنىۋى كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشقا كۆچۈش ئارقىلىق ئامېرىكا ۋە جەنۇبىي ۋيېتنام ھۆكۈمىتىنى تېز سۈرئەتتە ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى پىلانلىدى. ئۇنىڭ بۇ تاكتىكىسى كوممۇنىستلارنى ۋە پارتىزانلارنى ئامېرىكىنىڭ كۈچلۈك ھاۋا قىسمى ئۇچۇن بىر لوقما تائامغا ئوخشىتىپ قويغان ئىدى. يەنى ۋيېتنام كوممۇنىستلىرى خورىتىش باسقۇچىدىن بۇرۇلۇش باسقۇچىغا ئۆتۈشتە ناھايىتى چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزدى. نەتىجىدە، 1965~1966- يىللىرى ۋېست مورلەن جىياكنىڭ قىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ پارتىزانلىرىغا ئېغىر تالاپەتلەرنى كەلتۈردى.

ئامېرىكا ئالاھىدە قىسمى ۋە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قاتتىق ھۇجۇمىنى كۆرگەن جىياك ئۇرۇش تاكتىكىسىنى قايتا ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى، ئۇنىڭ يېڭى ئۇرۇش تاكتىكىسى بولسا ئۇرۇش رايونىنى جەنۇبىي ۋيېتنام ھۆكۈمىتى ۋە ئامېرىكا ئارمىيىسى كونتروللۇقىدىكى رايونلارغا يۆتكەش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پارتىزانلارنى ۋە كوممۇنىست قىسىملىرىنى جەنۇبىي ۋيېتنامنىڭ 36 يېزا-شەھەرلىرىگە ئەۋەتتى، بۇ جايلارنىڭ ئىچىدە ۋيېتنامنىڭ پايتەختى سايگونمۇ بار ئىدى. بۇ جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان توقۇنۇشلاردا جىياكنىڭ كۈچلىرى ماشىنا بومبىلارنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ بىراق ئۆلۈردىن ئۆلۈم-يېتىم يەنىلا ناھايىتى كۆپ بولدى. توقۇنۇش جەريانىدا ئامېرىكىنىڭ سايگوندىكى باش ئەلچىخانىسىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەلىرىمۇ يۈز بەردى. گەرچە ئەلچىخانىغا ھېچ ئىش بولمىغان بولسىمۇ بىراق تېلېۋىزورلاردا ئېلان قىلىنغان خەۋەرلەر باشقىچە ئىدى. بۇ رايونلاردا كوممۇنىستلار بىلەن ئامېرىكا ئارمىيىسى ئارىسىدىكى ئۇرۇش كوچىمۇكوچا ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا ئۆيمۇئۆي ئېلىپ بېرىلدى. جىياكنىڭ كۈچلىرى مۆلچەرلىگۈسىز تالاپەتلەرگە ئۇچرىدى. 2- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئامېرىكا ئارمىيىسى سايگوندىكى كوممۇنىستلارنى تولۇق تازىلاپ ۋەزىيەتنى كونترول قىلىپ بولدى.

بىراق ۋيېتنامدا يۈز بەرگەن ئىشلارغا قارىتا ئامېرىكىدا ئىشلار باشقىچە بولدى. تېلېۋىزىيە ۋە باشقا تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدە ئېلان قىلىنغان خەۋەرلەرنىڭ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولدى. كوچىلاردا ئۇرۇشقا قارشى تەشكىلاتلار نامايىش قىلىشقا باشلىدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، گەرچە جىياك ئەسكىرىي ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ بىراق ئۇزۇن مەزگىللىك سىياسىي ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان ئىدى.

1980- يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئافغانىستان

ئۇرۇشنىڭ تەكشۈكلۇقىدا ئۆزگىرىش كۆرۈلدى. سوۋېتلار ۋەھشىيلەشكەنسېرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كىشىلەر بۇ ئۇرۇشقا دىققەت قىلىشقا باشلىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا كەلگۈچە مۇجاھىدلار پارتىزانلىق ئۇرۇشىدا كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرەلمەيۋاتاتتى بىراق ئىشلاردا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى چۈنكى ئۇلار ئامېرىكىدا ياسالغان دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار راكېتا، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىگە ئېرىشكەن ئىدى.

سوۋېتنىڭ ئوتتۇرا شەرقنى بېسىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئافغانىستاندىكى پارتىزانلارغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق سوۋېتنىڭ ياۋۇز پىلانىنى توسۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇجاھىدلار ئۇرۇشنىڭ تەكشۈكلۇقىغا تەسىر كۆرسەتكەن قورال ــ ئامېرىكىنىڭ يەردىن ھاۋاغا قويۇپ بېرىلىدىغان ئۇچقۇسوقارىغا ئېرىشتى. بۇ قورال ئارقىلىق سوۋېتنىڭ ئافغانىستاندىكى ئەڭ چوڭ تېخنىكىلىق ئەۋزەللىكى ھېسابلىنىدىغان ھەربىي تىكئۇچار ئايروپىلانى ئەۋزەللىكىنى يوقاتتى ۋە ئەسكەرلىرىنى ھاۋا ئارقىلىق يۆتكەش پىلانلىرى ئەمەلگە ئاشمىدى. 1982- يىلى 11- ئايدا پارتىزانلار ئۇچقۇسوقار ئارقىلىق سوۋېتنىڭ تىكئۇچار ئايروپىلانىنى تۇنجى قېتىم پاچاقلىۋەتتى.

1985- يىلى 3- ئايغا كەلگەندە سوۋېتلار بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. 1988- يىلى 2- ئايدا چېكىنىشنى قارار قىلدى. سوۋېتنىڭ ئافغانىستاندىن چېكىنىشى سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. 1989- يىلى 2- ئايدا سوۋېتلارنىڭ تانكىلىرى ۋە ئەسكەرلىرى ئافغانىستاندىن چېكىنىش ئۈچۈن چېگرا تەرەپلەرگە توپلاندى. گەرچە سوۋېتلار بۇ چېكىنىشنى «تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش» ۋە «تەرەققىيات» دېگەندەك چىرايلىق ناملار بىلەن ئاتىۋالغان بولسىمۇ ھېچكىم بۇ كاپىرلارنىڭ يالغان سۆزلىرىگە ئىشەنمىدى. ئەمەلىيەتتە سوۋېتلار ئېغىر سىياسىي زەربىلەرگە ۋە بەل قويۇۋەتمەيدىغان سابىت مۇجاھىدلارغا دۇچ كېلىپ ئافغانىستاندىن شەرمەندىلەرچە چېكىنگەن ئىدى.

پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان مۇجاھىدلار ئەنئەنىۋى ئۇرۇشقا بولغان تەييارلىقنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇشقا باشلىدى.

ۋيېتنام

گەرچە ئامېرىكا ئارمىيىسى دۈشمەننى خورىتىش، ئەنئەنىۋى ئۇرۇش جەريانى ۋە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشتىن ئىبارەت بارلىق ئەسكىرىي ئامىللاردا غەلىبە قىلغان بولسىمۇ يەنىلا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئەسكىرىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيەت ئەمەس بەلكى سىياسىي جەھەتتىكى پايدىسىز شارائىت ئىدى چۈنكى بۇ ۋاقىتلاردا ئامېرىكىدا بىر قاتار سىياسىي داۋالغۇشلار بولىۋاتاتتى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى تېخى ئاخىرلاشمىغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكىدا ئۇرۇشقا قارشى نامايىشلار كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ كېتىپ باراتتى.

1969- يىلى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى قىسمى ۋيېتنامدىن چېكىنىشكە باشلىدى. پۇرسەتپەرەس كوممۇنىستلار جەنۇبىي ۋيېتنام ئارمىيىسىگە بولغان بېسىمنى كۈچەيتتى. 1973- يىلى 3- ئايدا ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسىملىرى ۋيېتنامدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن جىياك ئەنئەنىۋى ئۇرۇشنى ھېچقانداق توسقۇنلۇقسىز باشلىدى. ئىككى يىلدىن كۆپرەك ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق 1975- يىلى 4- ئايغا كەلگەندە كوممۇنىستلار سايگوننى كونترول قىلدى، شۇنىڭ بىلەن كوممۇنىستلار پارتىزانلىق ئۇرۇشىدا بۇ خىلدىكى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەلپىي بولغان ھۆكۈمەتنى كونترول قىلىش تاماملاندى.

ئالجىرىيە

ئۆز خەلقىنىڭ تەلپىي ۋە خەلقئارا بېسىم سەۋەبىدىن فرانسىيە ھۆكۈمىتى ئالجىرىيىدە داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشقا ئامالسىز قالدى. نەتىجىدە پارتىزانلار ئۇرۇشنىڭ ئۆتكۈر قىسمىغا يېتىپ بارماي تۇرۇپ، 1962- يىلى ئالجىرىيىنىڭ مۇستەقىللىقى ئەمەلگە ئاشتى.

ۋيېتنام

سايگون كونترول قىلىنغاندىن كېيىن ۋيېتنام كوممۇنىست بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتى.

ئافغانىستان

ئافغانىستان ئۇرۇشى ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچ بولغان ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش باسقۇچىغا كەلدى بىراق ئافغانىستان پارتىزانلىرىنىڭ سوۋېت كاپىرلىرىنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىشىنىڭ نەتىجىسى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش بولماستىن بەلكى سوۋېتلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئافغانىستاندا ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. سوۋېت كاپىرلىرىنى قوغلاپ چىقارغان پارتىزانلار ئۆز غەلىبىلىرىنى مۇستەھكەملەشكە، ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا ۋە پۇتكۈل دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئامالسىز قالدى.

سوۋېتلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھەر قايسى گۇرۇھلار ئارىسىدا ئىچكى ئۇرۇشلار باشلاندى. ئىلگىرى بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلغانلار ۋە پارتىزانلار ھازىر بىر-بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ مەقسىتى ھاكىمىيەتنى ئۆزلىرى خالىغان ھالەتتە ئىدارە قىلىش ئىدى.

خۇلاسىلىگەندە، 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئىككى قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭلەردە ۋيېتنام ۋە ئافغانىستانلاردىكى تاجاۋۇزچى ئارمىيىنىڭ قوماندانلىرى بولغان ۋېست مورلەن ۋە ۋىلىيام پوپوتېن شۇنداقلا پارتىزانلارنىڭ ھەرىكەتلىرى پارتىزانلىق ئۇرۇش پىلانلىرىنىڭ تەلەپلىرىگە ئويغۇن كەلگەن ئىدى.

1. نىشان

ۋيېتنامدا جىياكنىڭ نىشانى دۆلەتنى كوممۇنىزم بايرىقى ئاستىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىدى.

ۋېست مورلەننىڭ نىشانى بولسا كوممۇنىزمنىڭ تارقىلىشىنى چەكلەش ئىدى بىراق ئۇنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك سىياسىي ئىستراتېگىيىسى يوق ئىدى.

(ﷲ خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پەيغەمبەر تىبابىتى بىلۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

## ئات گۆشى

ئەسما بىنتى ئەبۇبەكرى سىددىق رضي الله عنها مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ زامانىسىدا بىر ئاتنى سويۇپ يېدۇق» («سەھىھ بۇخارى» 5519- ھەدىس).

يەنە بىر ھەدىستە: «پەيغەمبەر ﷺ ئات گۆشى يېيىشكە رۇخسەت بېرىپ، ئېشەك گۆشى يېيىشتىن چەكلىدى» دېيىلگەن («سەھىھ بۇخارى» 5520- ھەدىس).

مىقدام ئىبنى مەئدىكەرب رضي الله عنه نىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئات گۆشى يېيىشتىن چەكلىگەنلىك توغرىسىدىكى ھەدىسى سەھىھ ھەدىس ئەمەس («ئەبۇ داۋۇد» 3790- ھەدىس).

قۇرئان كەرىمدە قېچىر ۋە ئېشەك قاتارىدا ئاتنى تىلغا ئالغانلىقى ئۇنىڭ گۆشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ ياكى غەنىيمەت تەقسىماتىدا ئېشەك ۋە قېچىرلارغا ئاتنىڭ تەقسىماتىنى بېرىشكىمۇ دالالەت قىلمايدۇ. الله تعالى قۇرئان كەرىمدە گاھىدا ئوخشاش نەرسىلەرنى بىرگە تىلغا ئالسا، گاھىدا ئوخشىمايدىغان نەرسىلەرنىمۇ بىرگە تىلغا ئالىدۇ، گاھىدا قارىمۇقارشى نەرسىلەرنى ھەم تىلغا ئالىدۇ. قۇرئاندىكى «مىنىشكىلار ئۈچۈن» دېگىنى يېيىشنى چەكلەش ئۈچۈن ئەمەستۇر. بۇ ئايەتتىن بۇ ھايۋانلارنى مىنىشتىن باشقا يول بىلەن مەنپەئەتلىنىشكە بولمايدىغانلىقى چىقمايدۇ. قۇرئاندا پەقەت ئۇ ھايۋانلارنىڭ مۇھىم، كۆزگە كۆرۈنگەن ئالاھىدىلىكىلا تىلغا ئېلىنغان. يۇقىرىدىكى ئىككى ھەدىس سەھىھ بولۇپ، ئۇ ھەدىسلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا زىتلىق ياكى ئۇلارغا قارشى مەنىدە كەلگەن باشقا ھەدىسلەر يوقتۇر.

ئات گۆشى قۇرۇق ئىسسىق. ئۇ قاتتىق سەۋدا، يۇمشاق بەدەنلەرگە مەنپەئەت قىلمايدۇ.




■ 6- ئاينىڭ 12- كۈنى ئافغانىستاننىڭ نەنگارھار ۋىلايىتى لەتەنپەنت رايونىدا بىر نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز مۇرتەد ئارمىيە سېپىگە سوقۇنۇپ كىرىپ، ئامېرىكا تاجاۋۇزچى كاپىرلىرى بىلەن ئۇچراشقان پەيتتە ئەسكەرلەرگە قارىتىپ ئوق چىقىرىپ، 4 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان ۋە بىر قانچىسىنى يارىلاندۇرغان، مۇجاھىد قېرىندىشىمىز بولسا ئاخىرىغىچە ئېلىشىپ شەھىد بولغان.

■ 6- ئاينىڭ 12- كۈنى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ ھىيران ۋىلايىتى جىلىقسى شەھرىدە جىبۇتى تاجاۋۇزچى كاپىرلىرىنىڭ ئەسكىرىي بازىسىغا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە بىر ئەسكىرىي مەسئۇل ۋە ئىككى نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 6- ئاينىڭ 12- كۈنى يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ ھەزرىمەۋت ۋىلايىتىنىڭ بىيدا رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇنغا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ 15 مۇرتەد ئەسكەرنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان ۋە بىر قانچە ئەسكىرىي ماشىنىلارنى ۋەيران قىلغان.

■ ئافغانىستان مۇرتەد ئارمىيىسى 6- ئاينىڭ 13- كۈنى ئافغانىستاننىڭ ھېلمەند ۋىلايىتى مەرجاھ رايونىدىكى مۇجاھىدلار تۇرۇشلۇق ئورۇنلارغا قاتتىق ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز الله نىڭ ياردىمى بىلەن مۇرتەدلەرنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ قالغان شۇنداقلا مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى قايتۇرما ھۇجۇم قوزغاپ، 19 نەپەر مۇرتەد ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ 2 ماشىنىسىنى ۋەيران قىلغان.

■ 6- ئاينىڭ 13- كۈنى ئامېرىكىنىڭ مۇداپىئە مىنىستىرى جېنىس ۋارتىس: «ئامېرىكا ئافغانىستاندىكى جەڭلەردە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراۋاتىدۇ» دەپ ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئېتىراپ قىلغان.

■ 6- ئاينىڭ 14- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھېلمەند ۋىلايىتى سېنىنار رايونىدىكى مۇھىم بىر ئىستىخبارات مەركىزىگە پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 24 نەپەر ئىستىخبارات خادىمى جەھەننەمگە ئۇزىغان، 18 نەپىرى يارىلانغان.

■ 6- ئاينىڭ 14- كۈنى ئەنگلىيىنىڭ پايتەختى لوندوندا 24 قەۋەتلىك بىر بىناغا ئوت كېتىپ ئاز دېگەندىمۇ 12 ئادەم ئۆلگەن.

■ 6- ئاينىڭ 15- كۈنى خىتاينىڭ جياڭسۇ ئۆلكىسى فېڭشيەن ناھىيىسىدىكى بىر يەسلىدە پارتلاش يۈز بېرىپ، 7 خىتاي ئۆلۈپ 59 ى يارىلانغان.

■ 6- ئاينىڭ 17- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ تاھار ۋىلايىتىنىڭ خوۋاجاغار رايونىدا چوڭ بىر ئەسكىرىي بازىغا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە الله نىڭ پەزلى بىلەن مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز بۇ ئەسكىرىي بازا ۋە 15 بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى كاپىرلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋالغان.

■ 6- ئاينىڭ 18- كۈنى مالى مۇجاھىدلىرىدىن 3 نەپەر پىدائىي قېرىندىشىمىز پايتەخت باماكو ئەتراپىغا جايلاشقان كانخابا رايونىدىكى تاجاۋۇزچى سەلبىي ئەسكەرلىرى توپلاشقان ئورۇنغا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ 10 نەچچە نەپەر سەلبىي ئەسكەرلىرىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 6- ئاينىڭ 18- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىدىن 5 نەپەر پىدائىي قېرىندىشىمىز ئافغانىستاننىڭ پاكتىيا ۋىلايىتى گاردىز رايونىدا چوڭ بىر ساقچى مەركىزىگە ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 200 گە يېقىن ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرى ئۆلگەن ۋە نۇرغۇنلىرى يارىلانغان.

■ 6- ئاينىڭ 20- كۈنى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇنىڭ ۋادجىر رايونىدا بىر ھۆكۈمەت ئورگىنىغا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 30 غا يېقىن مۇرتەد جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 6- ئاينىڭ 22- كۈنى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇنىڭ ۋابىرى رايونىدا بىر ساقچى مەركىزىگە پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ 15 نەپەر مۇرتەد ساقچىنى ئۆلتۈرگەن ۋە نۇرغۇنلىرىنى يارىلاندۇرغان.

■ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا بەش پەرزنىڭ بىرى بولغان زاكات بېرىش چەكلەندى. ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا «چېن چۈەنگونىڭ رامىزان مەزگىلىدىكى مۇقىملىقنى قوغداش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن بىلىشكە تېگىشلىك سوئال-جاۋاب» ماۋزۇلۇق بىر ئۆگىنىش ماتېرىيالىنىڭ سۈرەت كۆپىيەسى تارقالغان. ماتېرىيالنىڭ «رامىزان مەزگىلىدىكى ئالتىنى قەتئىي چەكلەش قايسىلار؟» ماۋزۇلۇق قىسمىدا زاكاتنىڭمۇ چەكلىنىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

ئىجتىمائىي ئاخبارات ۋاستىلىرىدە تارقالغان يۇقىرىقى ماتېرىيالدىكى «6 نى چەكلەش قايسىلار؟» دېگەن سوئالغا، «رايون ئاتلاپ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى چەكلەش، دىنىي ۋەزىپىسى يوقلارنىڭ تەپسىر قىلىشنى چەكلەش، ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئىئانە يىغىشىنى چەكلەش، زاكات بېرىشنى چەكلەش، مەسجىدلەردە ئىپتار تامىقى يېيىشنى چەكلەش ۋە خەتمە تاراۋىنى چەكلەش» دەپ جاۋاب بېرىلگەن.

■ 6- ئاينىڭ 24- كۈنى خىتاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ ماۋشەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق شىنمىڭ يېزىسىدا يەر كۆچۈش ۋەقەسى يۈز بېرىپ 41 ئۆي ۋە 141 نەپەر ئادەم تۇپراق ئاستىدا قالغان.

■ 6- ئاينىڭ 24- كۈنى سۈرىيىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان قۇنەيترا رايونىدىكى مۇجاھىدلار بىرلىشىپ كاپىرغا قارشى كەڭ كۆلەملىك جەڭ ئەمەلىيەتلىرىنى باشلىغان ۋە بۇ قوشۇننىڭ ئىسمىنى «**جيش محمد**» (يەنى مۇھەممەد قوشۇنى) دەپ ئاتىغان. جەڭ باشلىنىپ 5 كۈن جەريانىدا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز ئاز دېگەندە 108 نەپەر شىئە كاپىرلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە 250 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان ھەمدە 3 دانە تانكىنى ۋەيران قىلغان.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن



## سۆزلۈكلەر

| | |
|---|---|
| مَائِدَةٌ | داستىخان |
| مِلْعَقَةٌ | قوشۇق |
| شَوْكَةٌ | ئارا قوشۇق |
| سِكِّيْنٌ | پىچاق |
| طَبَقٌ | تەخسە |
| كُوبٌ | ئىستاكان |
| فِنْجَانٌ | پىيالە |
| مَلَّاحَةٌ | تۇز قۇتىسى |
| مِنْضَدَةٌ | تاماق ئۈستىلى |
| ثَلَّاجَةٌ | توڭلاتقۇ |
| كِبْرِيْتٌ | سەرەڭگە |
| صَابُونٌ | سوپۇن |

## جۈملىلەر

| | |
|---|---|
| هَاتُوا بِالمَائِدَةِ | داستىخاننى سېلىڭلار |
| هَاتِ بِالْمِلْعَقَةِ يَا خَالِدُ! | خالىد، قوشۇقنى ئەكەل! |
| أَيْنَ شَوْكَةٌ يَا أَحْمَدُ؟ | ئەھمەد، ئارا قوشۇق قەيەردە؟ |
| هَلْ عِنْدَكَ سِكِّيْنٌ؟ | سەندە پىچاق بارمۇ؟ |
| الطَبَقُ عَلَى المِنْضَةِ | تەخسە ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە |
| هَاتِ بِكُوبٍ مَاءً بَارِداً | ماڭا بىر ئىستاكان مۇزدەك سۇ ئەكىلىپ بېرىڭ |
| هَاتِ بِفِنْجَانٍ شَايًا! | ماڭا بىر پىيالە چاي بېرىڭە! |
| أَيْنَ مَلَّاحَةٌ؟ | تۇز قۇتىسى قەيەردە؟ |
| هَاتِ بِالمِنْضَةِ يَا أَحْمَدُ! | ئەھمەد، تاماق ئۈستىلىنى ئەكەل! |
| هَاتِ بِاللَّبَنِ مِنَ الثَّلَّاجَةِ يَا مَحْمُودُ! | مەھمۇد، توڭلاتقۇدىكى قېتىقنى ئەچىق! |
| يُمْكِنُ صُنْعُ اللَّغَمِ بِكِبْرِيت | سەرەڭگىدە مىنا ياسىغىلى بولىدۇ |
| هَلْ فِي دُكَّانِكَ صَابُونُ الأَطْفَالِ؟ | دۇكىنىڭىزدا باللار سوپۇنى بارمۇ؟ |

# ئائىلىدىكى رېتسېپلار

### بىرگە يېيىشكە بولمايدىغان يېمەكلىكلەر

توشقان گۆشى بىلەن ئاپېلسىن: توشقان گۆشى بىلەن ئاپېلسىننى بىرگە ئىستېمال قىلغاندا ئاسانلا ھەزىم قىلىش يولىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئىچ سۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

توخۇ گۆشى بىلەن كۈنجۈت: توخۇ گۆشى بىلەن كۈنجۈتنى بىرگە ئىستېمال قىلغاندا ناھايىتى خەتەرلىك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

غاز گۆشى بىلەن پەمىدۇر: غاز گۆشى بىلەن پەمىدۇرنى بىرگە ئىستېمال قىلغاندا ئېغىر دەرىجىدە ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

راك بىلەن مول ۋىتامىنC بار يېمەكلىكلەر: راك بىلەن مول ۋىتامىنC بار يېمەكلىكلەرنى بىرگە ئىستېمال قىلغاندا مەرگىمۈش ۋە ئۆتكۈر زەھەر ھاسىل قىلىدۇ.

دېڭىز بېلىقى بىلەن تاتلىقياڭيۇ: دېڭىز بېلىقى بىلەن تاتلىقياڭيۇنى بىرگە يېگەندە زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

تۇرۇپ بىلەن مور: تۇرۇپ بىلەن مورنى بىرگە ئىستېمال قىلغاندا تېرە ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تىببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله **تعالى** نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

**والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته**




1. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟
بىزنىڭ يېقىن دوستىمىز،
ئايرىلمايمىز ئوقۇشتا.
ئۇ بولغاچقا خەتلەرنى،
قىينالمايمىز يېزىشتا.
ئەقىللىق دوست جاۋابنى،
قىينالمايدۇ تېپىشتا.

2. تۆۋەندىكى رەسىمدىن پەقەت ئۈچ تالدا سەرەڭگە تېلىنى يۆتكەش ياكى ئېلىۋېتىش ئارقىلىق تەڭلىمىنى توغرىلىيالامسىز؟



ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. قۇم.
2. تۆۋەندە كۆرسىتىلگەندەك يۆتكىسەك بولىدۇ:

